تەسەۋۋۇر گۈلىستانى

# ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى

## (ئەدەبۇسسالىھىن)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ياخشى كىشىلەر ھەدىيىلىرى

(ئەدەبىي ساناھىن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

善良人的乐园：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-765-8

Ⅰ. 善… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—
维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第024511号

**从 书 名** 经典之花系列丛书
**本册书名** 善良人的乐园
**策　　划** 穆拉提·伊力
**主　　编** 阿迪力·穆罕默德
**编　　著** 穆罕默德吐尔逊
**责任编辑** 艾尼瓦·库迪力克
**特约编辑** 哈斯亚提·依不拉音
**责任校对** 克尤木·吐尔逊

**出　　版** 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社

**地　　址** 乌鲁木齐市西虹西路36号
**邮　　编** 830000
**发　　行** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印　　刷** 新疆新华印刷厂
**开　　本** 880×1230毫米　1/32
**印　　张** 3.125
**版　　次** 2009年3月第1版
**印　　次** 2009年3月第1次印刷
**书　　号** ISBN 978-7-80744-765-8
**定　　价** 9.90元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلىستانى

**كىتاب ئىسمى:** ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى

**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى

**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت

**تۈزگۈچى:** مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم

**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇاڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 3.125

**نەشرى:** 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

**بېسىلىشى:** 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-765-8

**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى» دېگەن كىتابتا تارىخشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەت سادىق قەشقەرى (1740 – 1849) نىڭ ھاياتى ۋە «ئەدەبۇسسالىھىن (ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى)» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار بىلەن بىر قىسىم شېئىرىي ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا[1]

مۇھەممەت تۇرسۇن يالغۇزەك

مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى، يازغۇچى، تارىخشۇناس، ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ بىرقىسىم ئەسەرلىرى ئېلىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى شەرق ۋە غەربتە زور شۆھرەت قازىنىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پېتربۇرگدا، تاشكەنتتە، كالكوتتادا، تۈركىيىدە بىر قانچە قېتىم رۇس، ئۆزبېك، تۈرك تىللىرىدا نەشىر قىلىنغان. ئۇنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدىلا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەرەب ۋە ياۋروپا خەلقلىرى ئىچىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى 1740- يىلى

---

[1] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دىن ئېلىندى.

قەشقەر شەھەر ياۋاغ مەھەللىسىدە (بەزى مەنبەلەردە 1725- يىلى قەشقەر توققۇزاق يېزىسىدا دېيىلىدۇ) موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئىگىلەپ، كېيىن قەشقەردىكى داڭلىق «مەدرىسە ھامىدىيە»دە ئىلاھىيەتشۇناسلىق، ھېساب، تارىخ، تىل، ئەدەبىيات قاتارلىق دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق ئىگىلەيدۇ. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا شۇ زاماننىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، شەرقنىڭ داڭلىق ئەرابىلىرىدىن بولغان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ھاپىز شىرازى، مىر ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەكتەپ (مەدرىسە) ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزلۇكسىز ھالدا ئىلىم مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىنى، ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى خانلىق مەدرىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» گە

مۇدەررىس بولۇپ بەلگىلىنىپ، بىر مەزگىل ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتىنىڭ مولluqى، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئالىيجاناب ـ پەزىلەتلىكلىكى كېيىنچە قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

شائىر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى خەلق ئىچىگە تارالغانىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمانبەگ «تەزكىرەئى ئەزىزان» («ئۇلۇغلار تەزكىرىسى») ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا بىكەمۇ موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ، ئەل ئىچىدە كاتتا شۆھرەتكە نائىل بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىدىن سۆيۈنگەن ھاكىم مىرزا ئوسمانبەگ موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىگە ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ، مىرزىلىققا تەيىنلەيدۇ. شائىر بۇ پۇرسەتنى ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ غەنىيمەت

ۋاقتى دەپ قاراپ، ھىجرىيە 1207- (مىلادىيە 1792 — 1793) يىلى «ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇپ» قاتارلىق ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق مەزمۇنىدىكى ئىككى ئىلمىي كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. ئارىدا ئىككى - ئۈچ يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مىرزا ئوسمانبەگ ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ (تولۇق ئىسمى يۇنۇس تاجى ھېكىمبەگ بىنى ئىسكەندەر) قەشقەر ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىدە قالدۇرىدۇ.

موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي تالانتىدىن سىرت ئەرەب، پارس تىلى جەھەتتىكى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدىكى ئۇستۇنلۇكىدىن سۆيۈنگەن ئىسكەندەر ۋاڭ «تارىخىي تەبەرى» ناملىق ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى ھاۋالە قىلىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى 10 - ئەسىردە ئۆتكەن (839 — 923) ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇجەففار مۇھەممەد بىننى جۇۋەيرى بىننى زەيت تەبەرىنىڭ «تارىخىي تەبەرى» ناملىق پارسچە ئەسىرىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. «تارىخىي تەبەرى» تەبەرىنىڭ 4 توملۇق ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت

پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئاپتور ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ئىسكەندەر ۋاڭ سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمان بۇ ئەسەرنى ئەنە شۇ ھۆكۈمرانىنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ «تارىخي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» («ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلار تاجنامىسى») دەپ ئات قويىدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ بۇنداق ئات قويۇشى «تارىخىي تەبەرى» نى تەرجىمە قىلىشتا ئەسەر مەزمۇننى ئوبيېكتىپ رىئاللىققا ماسلاشتۇرغانلىقى ۋە ئەسلىدىكىسىگە نىسبەتەن ئىجادىي ھالدا بىر قەدەر تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مولla مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئەرەب، پارس تىلى ئۇستىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مىرزاھەيدەر كوراگانىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تارىخىي رەشىدى» نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى،

كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان ئالىيجاناپ پەزىلىتىنىڭ
تەرىپلىرى تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىدۇ.
ئەفرىدۇن ئاتىسى ئىسكەندەر ۋاڭدىن مۇھەممەد سادىق
قەشقىرىنى تۇرپانغا ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ بۇ بۈيۈك ئالىمدىن ئايرىلىشقا كۆزى
قىيمايتتى. لېكىن ئوغلى ئەفرىدۇننىڭ تەلىم-تەربىيىگە
موهتاجلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلىنىڭ تەلىپىنى
ئورۇنداشقا مەجبۇر بولىدۇ. موللا مۇھەممەد سادىق
قەشقىرى تۇرپاندا ئون يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ
جەرياندا ئۇ ئەفرىدۇننىڭ يېنىدا بىر تەرەپتىن
مەسلىھەتچىلىك ۋە ۋاڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي
ئەسەرلەرنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، «تەزكىرەئى ئەسهابى
كەهف» (غار كىشىلىرى تەزكىرىسى)، «مەهزۇنۇل
ئىسلام» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، ئەفرىدۇن ۋاڭغا
تەقدىم قىلىدۇ. كېيىن ۋاڭلارنىڭ ئورنى ئالماشقاندا
مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئەفرىدۇن ۋاڭغا ئەگىشىپ
قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، شەرئى مەهكىمىسىنىڭ
قازىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ زات دىنىي ۋە پەننىي ئىلىمدە
ۋايىغا يەتكەن، تەمكىن، ئورۇنلۇق سۆزلۈك، ھەر قانداق
بىر ئىشنى ئەستايىدىل ئويلاپ توغرا بىر تەرەپ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قىلىدىغان، قىلغان ئىشىدا ئادالەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدىغان، قەشقەردىكى داڭلىق ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىچىدە يۇقىرى ئىززەت ـ ئابرۇيغا ئىگە بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەڭ مۇرەككەپ، چىگىش، سەللا دىققەت قىلىنمىسا خاتا ھۆكۈم چىقىرىلىپ قالىدىغان مۇشكۈل مەسىلىلەرمۇ موللا سادىق قەشقىرىنىڭ قولىدا ئوڭايلا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ مەزگىللەردە قەشقەرنىڭ مەدەنىي ئاتموسفېراسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلىم ساھەسىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەندىن باشقا، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن (غېرىبى)، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق يازغۇچى، ئالىملار بىلەن بىللە قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشىدۇ.

ئاتاقلىق پېشقەدەم ئۆلىما موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، جامائەت ئىشلىرى، يېزا ئىگىلىك، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋامغا نۇرغۇن مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ. مۇھەممەد سادىق قەشقىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بەزى ئىشلىرىدىن قاتتىق رەنجىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا

بىرىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەرەب، پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولغان «مۇكاشپۇل لۇغەت» ناملىق چوڭ ھەجىملىك لۇغەتنى، «قىياپەتۇل بەشەر» (ھەر خىل قىياپەتلەر بەشىرىسى)، «رىسالەئى كەسىپدار» (كەسىپدارلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھىجرىيە 1266 - يىلى (مىلادىيە 1850 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسى (قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە) ئىچىدىكى (سېيىت جالالىددىن باغدادى) نىڭ گۈمبىزى جايلاشقان زەرەتكارلىققا دەپنە قىلىنغان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى بىزگە ئۆز دەۋرىنىڭ خىلمۇخىل تېمىسىغا بېغىشلانغان باي تارىخي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)، «تەزكىرەئى خوجىگان»، «زۇبدەتىل ماسائىل» (مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئى ئەسھابى كەھف»، «تارىخي ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى ۋە شاھلار تاجنامىسى)، «ئەدەبۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى)، «قىياپەتۇل بەشەر» (ھەر خىل قىياپەتلەر بەشىرىسى)،

«رىسالەئى كەسپىدار» (كەسپدارلار رىسالىسى)، «ئىسلام ئاساسى»، «كەشپۇل قۇلۇپ» قاتارلىق 18 دىن ئارتۇق قىممەتلىك ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇلاردىن «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى ئەسھابى كەھف»، «زۇبدەتىل ماسائىل»، «ئەدەبۇسسالىھىن» قاتارلىق تارىخىي، بەدىئىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى، غەزەللىرى، مەسنەۋىلىرى، رۇبائىيلىرى، ساقىينامىلىرى، «تارىخىي تەبەرى» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

## «تەزكىرەئى ئەزىزان»

ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى 15 - ئەسىردە مەيدانغا كېلىپ، 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كامالەتكە يەتكەن. شۇنداقلا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» قاتارلىق ئەسەرلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى.

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف ۋە سوۋېت

ئالىملىرىدىن ل. ئى. رومان، م ئا. سالاھىدىنىۋا، م. قۇتلۇقوف، ئىنگلىز ئالىمى روبىرت شاۋ، گېرمان ئالىمى مارتىن ھارتمانلار «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلغان.

ل.م. موگىنوف «تەزكىرەئى ئەزىزان» ۋە «تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ لېنىنگراد شەرق قولىيازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ھازىر ھەر قايسى دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن سەككىز خىل قولىيازمىسى بىزگە مەلۇم. شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىزگە مەلۇم بولغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ يەتتە خىل نۇسخىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا ساقلانماقتا.

شائىرنىڭ ئەسىرى نەسرىي شەكىلدە «تەزكىرەئى جاھان»، «تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن ماۋزۇلاردا يېزىلغان بولۇپ، بۇنى ئاپتور 1817- يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» نامى بىلەن داستان شەكلىدە ئۆزگەرتىپ يازغان. بۇ 352 بەتلىك قولىيازمىنىڭ بەت سانى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى، تۈزۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن

پەرق قىلىدىغان ئالتە خىل نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» مەخسۇس خوجىلار تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان» 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 17 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەخدۇم ئەزەمدىن باشلانغان خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش تارىخىنى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۇرگۇزگەن ھۆكۈمرانلىقىنى، كېيىنچە داۋاملاشقان ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەرنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنى تارىخىي ئېتىبارى بىلەن خوجىلار ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇكېرىمخاندىن باشلاپ تاكى يىمىرىلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر ئەسىردىن

كۆپرەك داۋام قىلغان مەلۇم بىر دەۋرنىڭ تارىخى دېيىشكە بولىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تەزكىرىچىلىك ژانىرى شەرق ئەدەبىياتىدا 10 - ئەسىردە پەيدا بولغان. بۇ مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن تەزكىرىلەردە مۇئەللىپنىڭ ئىسمى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى، ئۇلار توغرىسىدىكى تارىخىي ۋە تەھلىل مەلۇماتلار بېرىلەتتى. مانا مۇشۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن توپلاملار «تەزكىرە» دەپ ئاتالدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر فىلولوگى ئەبۇ مەنسۇرسالىبى (961-1038) «بوتمان ئاددەرنى مەھسۇنى ئەھلال ئەسىر» (ئەسىر ئەھلىنىڭ فەزىلىلىرى ھەققىدە زامانىنىڭ دۇردانىسى) دېگەن تۆت توملۇق تەزكىرىنى يېزىپ، ماۋارا ئۇننەھر ۋە خوراساندىكى 124 شائىرنى تونۇشتۇرغان.

تەزكىرىچىلىك تارىخىدىن قارىغاندا، 15 - ئەسىردە شەرق تەزكىرىچىلىكىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ھېسابلانغان دۆلەت شاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرەتۇش - شۇئارا»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تەزكىرىلىرى، ئابدۇراھمان جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق پروزىك ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. «باھارىستان» مەزمۇن جەھەتتىن تەزكىرىگە ئانچە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com